# شى جىنپىڭ تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىشلىگەن زور خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ، تاجىكىستان تەرەپكە داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان 27 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان مۇناسىۋىتىدە باشتىن ـ ئاخىر تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ياخشى ۋەزىيىتى ساقلاندى. جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش ياخشى قوشنىلار، سەممىي، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ياخشى دوستلار، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ياخشى ھەمراھلار، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلارغا ئايلاندى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. «ئۆرۈك ـ تۇغقانلار ئېجىل ئۆتۈشى، قوشنا ـ قولۇملار ئىناق ئۆتۈشى» كېرەك. جۇڭگو تەرەپ مۇقىم، تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن تاجىكىستاننى كۆرۈشنى خالايدۇ، تاجىكىستاننىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو ـ تاجىكىستان تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى ۋە خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئىككى تەرەپ داۋاملىق بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللىشى كېرەك. تاجىكىستان باشتىن ـ ئاخىر «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پائال قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى، جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدىكى ھەمكارلىقىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى تاجىكىستاننىڭ دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ھەمكارلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلىھەلەرنى تۇتاشتۇرۇش، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ، تاجىكىستان تەرەپنىڭ ئەركىن ئىقتىساد رايونى قۇرۇشنى قوللايدۇ ھەم ئۇنىڭغا پائال قاتنىشىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپ بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ تاجىكىستان دوستلۇقىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىپ، دوستلۇق مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە ۋە دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتكە زەربە بېرىش، زەھەر چەكلەش، تور بىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئۆز رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىشى كېرەك.

راخمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاجىكىستاندا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن، دوستانە جۇڭگودا مەڭگۈ دۆلەتنىڭ تىنچ، ئەلنىڭ ئامان بولۇشىغا تىلەكداشمەن. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى دىپلوماتىيەدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇتىدىغان يۆنىلىشنىڭ بىرى قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدە، ئىككى تەرەپنىڭ ئېنېرگىيە، نېفىت خىمىيە، سۇ ئېلېكتىر، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇقتىلىق تۈرلەر ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تاجىكىستاننىڭ سانائەتلەشتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ياشلار، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشى كېرەك. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە «ئۈچ خىل كۈچ»كە ۋە دۆلەت ھالقىغان جىنايەتكە زەربە بېرىشكە كۈچەپ، قانۇن ئىجراسى خەۋپسىزلىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردىكى ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستانغا ياردەم بېرىپ سېلىنىدىغان پارلامېنت بىناسى، ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسى تۈرى مودېلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئورتاق قاتناشتى. شى جىنپىڭ راخمان بىلەن بىللە تۈر تەشۋىقات كۆرگەزمە تاختىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئالاقىدار لايىھە پىلانى، ھەمكارلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، ئارقىدىن رەئىس سەھنىسىگە بېرىپ، مودېلنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل تاۋارنى بىرلىكتە ئېچىپ، مودېلنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

ئارقىدىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما بايانات»قا ئىمزا قويدى ھەم كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججىتىنى ئالماشتۇرۇشقا گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە بىرلىكتە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن راخمان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا شى جىنپىڭ ئۈچۈن كاتتا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا قايتىپ كەلدى.

شۇ يەر ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ دۈشەنبىدىن ئايرىلىپ دۆلەتكە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئايرىلىدىغان چاغدا، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان ئايروپورتقا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى سەممىي خوشلاشتى.

شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ راخمان ۋە تاجىكىستان تەرەپنىڭ قىزغىن، ئەتراپلىق كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، تاجىكىستان تەرەپنىڭ ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تاجىكىستاندىكى زىيارىتىم ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولدى، بولۇپمۇ مەن ۋە زۇڭتۇڭ ئەپەندى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان كەڭ قارالمىلار توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىدا ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى جەزمەن يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرىدۇ.

راخمان شى جىنپىڭنىڭ تاجىكىستاندىكى زىيارىتىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى. راخمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تاجىكىستان خەلقى رەئىس شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىگە چوڭقۇر دوستلۇق رىشتى باغلىغان، تاجىكىستان، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ تاجىكىستانغا بەرگەن قىممەتلىك مەدەتكە رەھمەت ئېيتىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى تاجىكىستاندىكى زىيارىتى مول نەتىجىلىك بولدى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. تاجىكىستان تەرەپ بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

# شى جىنپىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بەرگەن «تاج ئوردېنى»نى قوبۇل قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

راخمان شى جىنپىڭنىڭ تاجىكىستان ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان پائال تۆھپىسىنى يۈكسەك تەرىپلىدى، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە يېتەكلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ راخماننىڭ ماڭا بەرگەن «تاج ئوردېنى» بارلىق تاجىكىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە قويۇق دوستلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەن بۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن. مەن زۇڭتۇڭ راخمان بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ تاجىكىستان ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دېشۈي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمىدە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن شەخسلەر ئۆزى ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرستىش پائالىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار تىپلار تەربىيەسى ۋە ئىبرەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەسىراتىنى سۆزلەپ، چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، تونۇشىنى ئۆستۈردى. كۆپچىلىك شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمى، 21 ـ ئەسىر ماركسىزمى، جۇڭخۇا نامىلىق غايەت زور پاراخوتنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ كۆرسەتكۈچ، پارتىيە ۋە دۆلەت جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە، بىزنىڭ پارتىيەۋىلىك جەھەتتە چېنىقىشىمىزنى كۈچەيتىپ، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تۈپ مىزان ئىكەنلىكىنى؛ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتقانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۇەنگو پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشتىكى تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ بۇ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، سەممىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى قوللاش، ئىستىلنى ياخشىلاش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشتا، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئۆگىنىشنى باشتىن ـ ئاخىرغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاڭلىقلىق، قەتئىيلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىپ، غايە ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، سادىقلىق، قەتئىيلىكنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قائىدىنى تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

# ھەقىقەت بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەم ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ كەڭ زىيالىيلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، نۇر گېزىتى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، زىيالىيلارنىڭ مەنىۋى ماكانىنى كۆڭۈل قويۇپ قۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىپ، مەزمۇن قۇرۇلۇشى ۋە تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئەۋزەللىك ئارقىلىق، نۇر گېزىتىنى مەدەنىيەت ئاساسى چوڭقۇر، روشەن خاسلىققا ئىگە، تەسىرى كەڭ بولغان ئىدىيە ـ مەدەنىيەت چوڭ گېزىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا، نۇر گېزىتخانىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋەكىللىرى، تەھرىر، مۇخبىرلار ۋەكىللىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

نۇر گېزىتى 1949 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان، ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى باشقۇرىدىغان، چىقىرىدىغان، زىيالىيلارنى ئاساسىي ئوقۇرمەن ئوبيېكتى قىلغان پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىدىيە ـ مەدەنىيەت چوڭ گېزىتى، 120 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا تارقىتىلىدۇ، تىراژى 1 مىليون پارچىدىن ئاشىدۇ.